# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي 17
سەيشەنبە
维吾尔文 12 月17日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24912 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ بېيجىڭغا خىزمەت دوكلاتى بېرىشكە كەلگەن لىنجېڭ يۈئېي بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر ليۇ خۇەن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇڭنەنخەيدىكى يىڭتەيدە بېيجىڭغا خىزمەت دوكلاتى بېرىشكە كەلگەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۈئېي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ شياڭگاڭنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بىر يىل شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيانقى ۋەزىيەت ئەڭ كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان بىر يىل بولدى. تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە بېسىم ئالدىدا، سىز «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» پرىنسىپى تۈۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈپ، مەسئۇلىيىتىڭىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، ناھايىتى كۆپ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭىز. سىز يەنە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنى يېتەكلەپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارغا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇردىڭىز، بىر قاتار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كارخانىلارغا ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار ئىلغار كوللېكتىپى ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

## ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار زوۋ ۋېي، ۋاڭ چى)** پۈتۈن مەملىكەتتىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار ئىلغار كوللېكتىپى ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خەلق سارىيىدا تەقدىرلەنگەن ۋەكىللەر بىلەن سەممىي كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلارنىڭ شانلىق تارىخىنى قەدىرلەپ، سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، داۋاملىق ھالدا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پائال تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خەلق سارىيىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك زالىغا كەلدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار ۋەكىللەر بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئارىلاپ پاراڭلاشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

# ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مۇقىم بەختكە تىرەك بولدى

**ئالدىنقى 11 ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى 76 مىڭغا يېقىن نامرات ئائىلىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ %189.8ى ئورۇندالدى**



**11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئىشچىلار ئاقسۇ خۇافۇ رەڭلىك توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە يىپ ئېگىرمەكتە. بۇ شىركەت ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ پاختا پىششىقلاش، بوياش ـ يىپ ئېگىرىش كارخانىسى بولۇپ، يىلدا 200 مىڭ توننىدىن ئارتۇق پاختا پىششىقلايدۇ. نۆۋەتتە شۇ جايدىكى 6000 كەنت ئاھالىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1160 ئادەم نامرات كەنت ئاھالىسى.** □ يۈ ليۇدۇڭ فوتوسى

مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتە، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدا، 26 ياشلىق ئەكبەر باقى قورۇما قورۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئۇنىڭ خوتۇنى يان تەرەپتىكى پېچىنە ـ پىرەنىك دۇكىنىدا ئىشلەيدۇ. «بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە يېرىم يىلدىن ئاشتى، ئىككىلەننىڭ كىرىمىنى قوشساق بىر ئايدا 6000 يۈەن بولىدۇ» دېدى ئەكبەر مۇخبىرغا.

ئەكبەرنىڭ ئۆيى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ماڭلاي يېزىسى ئاقتام كەنتىدە بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ياخشى سىياسىتىنىڭ پايدىسىدا، بۇ يىل 4 ـ ئايدا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىلەن ماھارەت تەربىيەسى ئالغاندىن كېيىن شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىغا كېلىپ ئىشلىدى. شىنجاڭ تېببىي داشۆسىدە، ئەكبەرگە ئوخشاش يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 300دىن ئارتۇقى بار بولۇپ، ئارقا سەپ كاپالىتى، مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىغا تارقالغان، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى زىيالىيلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۆرەش قىلىش ھالىتىمىز بىلەن گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ئورتاق قۇرىمىز ——

# تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ ئارقىلىق ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىمىز

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە رەزىل نىيەتتە قارا چاپلىدى، ھۇجۇم قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلار بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۆرەش قىلىش ھالىتىمىز بىلەن تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل سۇيىقەستىنى ئۇزۇل ـ كېسىل بىتچىت قىلىمىز.

**ئىشەنچنى چىڭىتىپ پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز**

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېركەش قۇربانبېگ مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›دە يامان غەرەز يوشۇرۇنغان، بىز ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىمىز.»

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغدايمەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى **ئابدۇرېھىم ھامىد**

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن تولغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىغا پىسەنت قىلمىدى، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ قىلچە تۈۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، تېخىمۇ مۇھىمى، خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئاخىرقى ھېسابتا بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى **يۈسۈپ ئەيسا**

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە رەزىل نىيەتتە ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كۆز يۇمدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمدى، بۇ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتىنى يولغا قويدى

15 تۈرلۈك مەخسۇس ھەرىكەت ئارقىلىق ئاممىنىڭ ساغلاملىقى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدالدى

2 ـ بەتتە

## مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالاپ «ئارمىيە بىخەتەرلىك باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلدى

2 ـ بەتتە

# كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى جاسارەت بىلەن ياخشى ئورۇندايلى

## —— مەركىزىي ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

2020 ـ يىلى، بىز بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرىمىز ھەم ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياخشى ئاساس سالىمىز، بۇ، ھەم ھەل قىلغۇچ مەزگىل، ھەم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلى. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنداش ئىنتايىن مۇھىم.

مەركىزىي ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كۆزلىنىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىدە جەزمەن ياخشى تۇتۇشقا تېگىشلىك نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىزنىڭ مۇھىم نۇقتىنى داۋاملىق تۇتۇشىمىز، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىشىمىز، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشىمىز، خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدىغان، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىپ، پارتىيەنىڭ خەلققە، تارىخقا بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسىنى نەقلەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلدى، خىزمەت مىزانى بىلەن تەمىنلەندى.

كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنداشتا، «قانداق قاراش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشتا، جەزمەن ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاش كېرەك. نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جەزمەن ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا نامايان قىلىشتا،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى

# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا بېرىلگەن پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ ئۆتتى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» توغرىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم كادىرلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچىلار قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر، مەسلىھەتچىلەر، دۆلەت كارخانىلىرى ۋەكىللىرى ۋە پۇقراۋى كارخانىچىلار ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 76 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 76 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ 2020 ـ يىللىق پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش، ۋەكىللەر ۋە تەربىيەلەش خىزمىتى پىلانىنى تەتقىق قىلدى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ 2019 ـ يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلەر يىغىنىدا مۇنداق قارار قىلىندى

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنى كېلەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېچىلىدۇ

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 24 ـ قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ماقۇللانغان ئالاقىدار قارارلارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىنى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)